ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى -روپۇڭ سامان بولماس

# يېڭى ھايات

ЖАҢА ӨМІР

1995
ۋىل
3-ئىيۇن
№22
شەنبە
3979
ئەركىن باھا

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970- ۋىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.


## ساخالىندا قاتتىق يەر تەۋرىدى

ئۆتكەن شەنبە 27-ماي كۈنى كې-چىسى سائەت بىردە روسسىيەنىڭ سا-خالىن ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدا قاتتىق يەر تەۋرىگەن.

ئەخبارات ئاگېنتلىقلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا، يەر تەۋرەشتىن ئاساسىي جەھەتتىن نېفتېگورسك شە-ھەرچىسى تامامەن دېگىدەك ۋەيران بولغان. بۇ يەردىكى بەش قەۋەتلىك 20 ئۆيىنىڭ 19ىزى، قازانخانا، كلۇب، ماگا زىن، ئاشخانا ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ تو لۇق ۋەيران بولغان.

ھالاكەت يۈز بەرگەن جايغا روسسە يە ھۆكۈمەت كومىسسىيەسى كەلگەن. مەزكۇر كومىسسىيە نەق مەيداندا ئە ھۋالنى ئۆگىنىپ، زەرداپ چەككەنلەر گە لازىملىق ياردەم بېرىش ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرماقتا.

ئاخىرقى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قۇتۇلدۇرغۇچىلار بىنالارنىڭ خارابىلىرىدىن 150تىن ئوشۇق ھالاك بولغان، شۇنداقلا 160تىن ئوشۇق تىر ىك قالغان ئادەمنى ئېلىپ چىققان. 280ئادەم مېدىتسىنا ياردىمى سوراپ مۇراجەئەت قىلغان. يارىدار بولغان 200گە يېقىن ئادەم نېفتېگورسكتىن نا ھىيە مەركىزى ئوخا، خاباروۋسك، ۋلا دىۋوستوك شەھەرلىرىگە ئېلىپ كېتىل-دى، ئۇلارغا مېدىتسىنا ياردىمى بېرىل-مەكتە. دوختۇرلار بىنالارنىڭ خارابى-لىرى ئاستىدا قالغان ئادەملەرنىڭ بە-دەنلىرى ئۇششۇپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ خوۋۇپلانماقتا، چۈنكى كېچىلىرى ھاۋا ھارارىتى مىنۇس ئۈچ گرادۇسقى چە تۆۋەنلىشىدۇ.

نېفتېگورسكىدا بولۇۋاتقان روسسە يەنىڭ پەۋقۇلاددە ۋەزىيەتلەر بويىچە مىنىستىرى سېرگېي شويگۇ ئەھۋال بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ھالاك بولغا نلارنىڭ سانى كام دېگەندە 2000ئادە منى تەشكىل قىلىدۇ، دەپ پەرەز قىل-غان. لېكىن خېلە پېسسىمىستىك تەخمى نلەرگە قارىغاندا، 2.5مىڭغا يېقىن ئا-دەم ھالاك بولغان. يەر تەۋرەشتىن ئىلگىرى شەھەر تىپىدىكى نېفتېگورسك پوسيولكىسىدا 3200ئادەم ياشىغان.

(روسسىيە مەتبۇئاتىدىن).

## جۇمھۇرىيەت ياردەمگە كېلىشكە تەييار

قازاقستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ بىلەن جۇمھۇرىيەت باش مىنىستىرى ئەكېژان قاژىگېلدىن روسسە يە فېدېراتسىيەسىنىڭ پرېزىدېنتى بورىس يېلتسىن بىلەن روسسىيەھۆكۈ-مىتىنىڭ رەئىسى ۋىكتور چېرنومىردى-نغا كۆپلىگەن ۋەيرانچىلىقلارغا ۋە ئا دەملەرنىڭ قۇربان بولۇشىغا ئېلىپ كەلگەن ساخالىن ۋىلايىتىدە يۈز بەر-گەن كۈچلۈك يەر تەۋرەشكە باغلىق چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرۈپ تېلېگراما ئەۋەتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامىدىن ۋە پۈتكۈل قازاقستان خەلقىنىڭ نامىد ىن ھالاك بولغانلارنىڭ ئۇرۇق-تۇققا-نلىرىغا ۋە يېقىنلىرىغا، تەبىئىي ئاپەت-ئاقىۋىتىدە زەرداپ چەككەنلەرنىڭ ھە مىسىگە كۆڭۈل ئېيتىشنى ئىلتىماس قىلدى، موشۇ قىيىن پەيتتە، دەپ تەكى تلىنىدۇ تېلېگراممىدا، قازاقستانلىقلار سىلەرگە ياردەمگە كېلىشكە تەييار.

* * *

29-ماي كۈنى ئالمۇتا ۋاقتى بو-يىچە سائەت 4تىن 48مىنۇت ئۆتكەندە قازاقستاننىڭ شەرقىدە يەر تەۋرەش يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئېپىتسېنتىرى زاي-سان شەھىرىدىن 51كىلومېتىر شەرقىي-جەنۇپتا بولدى.

پەۋقۇلاددە ھادىسلار بويىچە جۇ مھۇرىيەت دۆلەت كومىسسىيەسىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ئېپىتسېنتىردا يەر تەۋرەش كۈچى 3-4،زايسان شە ھىرىدە 2 باللىنى تەشكىل قىلدى.

قۇربان بولغانلار ۋە ۋەيرانچىلى-قلار يوق.

(قاز تاگ).

## ئېچ يول بىلەن كېلىشتۈرۈشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى مەۋجۇت

30-ماي كۈنى پرېزىدېنت نۇرسۇل تان نازاربايېۋ بىر باش كاتىبىنىڭ مەخسۇس ۋەكىلى رامىروپىرس-با-للونىي قوبۇل قىلدى. ئۇ تاجىكلار ئارا ماجرانى كېلىشتۈرۈش ھەققىدىكى ئەھدىنامىلىق ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئا-شۇرۇش مەخسىتىدە ۋۇرگەن ۋەكىل. ئىككى ئالىي مەرتىۋىلىك ئەرباپ ئوت-تۇرىسىدىكى سۆھبەت يېپىق ئىشىك ۋە زىيىتىدە ئۆتتى.

سۆھبەت ئاياقلاشقاندىن كېيىن ن. نازاربايېۋ بىلەن ر. پىرس-باللون ئۆتكۈزۈلگەن مەتبۇئات كونفېرېنسىيە-سىنى ئۆتكۈزدى. قازاقستان پرېزىد-ېنتى ژۇرناللىستلارغا خەۋەرلىگىنىدەك، جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىگى بىلەن پۈت-كۈل خەلق قېرىنداش تاجىكىستاندا پۇخرالىق ئېچلىق بىلەن ئۆز ئارا كېلى-شىمنىڭ بەرقارار بولۇشىغا ھەممە-پەس بولۇۋاتقاللىغىنى تەكىتلىدى. بىز ئۈچۈن خوشنا ئەلدە ئادەم خۇنى تۆكۈلۈۋاتقاللىقىغا بىپەرۋا قاراپ تۇ-رالمايمىز.

(قاز تاگ).



نۇرانىي ئانىلارنىڭ چېھرىسىدىن،
كەتمەس باھار، كەتمەس ھېچ ئىللىق ئاپتاپ.

ئوقۇيمەن گۈزەل داستان كۆزلىرىدىن،
ئۆمرىچۇ بۇ ئانىنىڭ توم-توم كىتاپ...
ر.يۈسۈپوۋ چۈشەرگەن سۈرەت.

## ئۈرۈمچىدە 1995-ۋىلىنىڭ سودا -ئىختىسادىي يەرمەڭكىسى ئۆتكۈزۈلدۇ

ئۈرۈمچى. موشۇ ۋىلىنىڭ 1-8-سېنتەبر كۈنلىرىدە 1995-ۋىلىنىڭ ئۈ-رۈمچى سودا ئىختىسادىي يەرمەڭكى-سى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ توغرىلىق خېكېپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ كاتىۋى ۋەزىپىسىنى ئور ۋۇنلىغۇچى ۋاڭ لېتسيۈئان ئېلان قىلدى.

مەزكۇر يەرمەڭكىدە بىر قاتار ئېخ تىكا-ئىختىسادىي ھەمكارلىق لايىھىلىرى تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇ لايىھەلەر نېفت ۋە گازنى چوڭقۇر قايتا ئىشلەشكە، رەڭ-لىك مېتاللار كانلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە پايدىلىنىشقا، توقۇلما ماتېرىياللىر-نى ئىشلەشكە، ئوزۇق-تۈلۈك مەھسۇ لاتلىرىنى ئىشلەشكە مۇناسىۋەتلىكتۇر. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي خىتايدىكى ئىختىسادىي جەھەتتىن تەرەققىي ئەتكەن ئۆلكە ھېسا پلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەيدانى خىتاي تېرر-ىتورىيىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ ئالتە دىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ ئارا تەبىئىي رېسۇرسلارغا باي ۋە ئۇنىڭدا ئىنۋېستىتسىيە ئۈچۈن ياخشى شارائىت موجۇت. ئۇ غەربىي خىتايدى-كى نېفت سانائىتىنىڭ ئەڭ چوڭ باز-سىغا ۋە ئاشلىق، پاختا، قىزىلچا ھەم مېۋە يېتىشتۈرۈش بازىسىغا ئايلاندى.مۇش ئۇ ئارا ئاشقى ئىختىسات ۋە سورىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش ئۈچۈن گېوگرا فىيەلىك ھەم تەبىئىي ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. ئۇ سەككىز مەملىكەت، شۇ جۇم لىدىن روسسىيە بىلەن 5600كىلومېتىر لىق چېگاراغا ئىگە. ھازىرىش ئۇ ئاردا 15تەكشۈرۈش -ئۆتكۈزۈش پۈنكتى ئېچىلدى. چېگارا يېنىدىكى 13شەھەر ۋە ناھىيە چېگارا يېنىدا سودا قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. 1994-ۋىلدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئېكس-پورت ۋە ئىمپورتىنىڭ ئومۇمىي كۆلە-مى بىر مىللىيارد ئاقش دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى. 1992-ۋىلدىن تارتىپ ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ئۈرۈمچى سودا-ئى ختىسادىي يەرمەڭكىسى خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ تورت يەرمەڭكىسىگە ۋە مەدەنىيەتلەرنى ھەم باشقا چېگارىداش ئەللەر بىلەن سودا ئىختىسادىي ھەمكارلىقنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش ئۈچۈن موھىم دېرىزە ۋە كۆرۈككە ئايلاندى.

(شىنخۇا-قاز تاگ).

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روبۇڭ سامان بولماس

# يېڭى ھايات

ЖАҢА ӨМІР

1995
يىل
10- ئىيۇن
№23
شەنبە
(3980)
ئەركىن باھا

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970- يىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

## نۇرسۇلتان نازارباييۋ ژاك شىراك بىلەن ئۇچراشتى

مەملىكىتىمىز رەھبىرى 6-ئىيۇن كۈنى ئۆزىنىڭ جەنۇبىدە ئوتكۈزۈلىدىغان ب م ت نىڭ قۇرۇلغىنىغا بېغىشلانغان يىغىنغا بېرىش يولىدا قىسقا ۋاقىت پارىژدا توختاپ، فرانسىيەنىڭ يېڭى سايلانغان پرېزىدېنتى ژاك شىراك بىلەن ئۇچراشتى ۋە سوھبەت ئاياقلاشقاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ دوستلار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. بۇ فرانسىيەنىڭ يېڭى رەھبىرىنىڭ يېلىسېي سارىيىدىكى چەت ئەل باشچىسى بىلەن دەسلەپكى ئۇچرىشىشى ئىدى. ن. نازارباييۋ ئۆز نامىدىن ۋە قازاقستان خەلقى نامىدىن ئۇنى پرېزىدېنت خىزمىتىگە سايلىنىشى بىلەن تەبرىكلىدى.

سوھبەت دوستلۇق ۋە يەكدىللىك شارائىتىدا ئۆتتى، چۈنكى، ن. نازارباييۋ ژاك شىراك بىلەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ پارىژ شەھىرىنىڭ باشلىقى بولغان ۋاقىتتا ئۇچراشقان ئىدى.

ن. نازارباييۋ ئىككى تەرەپلىمىلىك مۇناسىۋەتلەرنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش ئۈچۈن مۇستەھكەم بازا ئاللىقاچان ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكىنى ئالاھىدە كۆرسەتتى. ھازىر قازاقستان بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا موشۇ پايدىلىق ھەمدوستلۇقنى كۈچەيتىدىغان توققۇز شەرتنامە بىلەن كېلىشىم موجۇت. جۇمھۇرىيىتىمىزدە 60تىن كۆپرەك بىرلەشكەن كارخانا، 30غا يېقىن فرانسىيە فىرمىلىرى بىلەن كومپانىيەلىرى ئىشلىمەكتە.



ئالمۇتا ۋىلايىتى. ئەمگەك ۋە ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ ۋېتېرانى ئومەر ئىدرىسوۋ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يۈتكۈل ئاڭلىق ھاياتىنى پارتىيە ۋە سوۋېت ئور-گانلىرىدا رەھبىرىي خىزمەتلەردە ئىشلەپ ئوتكۈزگەن كىشى. ئۇنىڭ كوكسىدىكى ئوردېن-مېداللار ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشىدىكى قەھرىمانلىقلىرىنىڭ بەلگۈسىدۇر. ئومەر ئىدرىسوۋ ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرى بىلەن يۇرتداشلىرى- چېلەكلىكلەرنىڭ ئىززەت-ئېھتىرامىغا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە.

سۈرەتتە: ئومەر ئىدرىسوۋ نەۋرىلىرى بىلەن.

د. يوسۇپوۋنىڭ سۈرىتى.

## ئەخبارات ئاگېنتلىقلىرى خەۋەرلىرىدىن

### ئۇرۇش تېخى پۈتكىنى يوق

گروزنىيدىكى ئەھۋال تۇراقلىشىۋاتقىنى بىلەن، پايتەختتىن 50 كىلومېتر نېرىدا جايلاشقان شاتوي، ۋېدېنو ۋە نوژاي-يۇرت ئاھالىلىق پۈنكتلىرىدا كەسكىن جەڭلەر داۋام قىلماقتا.

فېدېرال كۈچلەرنىڭ چېچەنىستاندا تۇرۇۋاتقان 58-ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى گېنېرال-لېيتېنانت گېننادىي تروشېۋنىڭ تەكىتلىشىگە قارىغاندا، چېچەنىستاننىڭ تاغلىق ناھىيەلىرىدىكى ئوپېراتسىيەنى تاماملاش ئۈچۈن ئەسكەرلەرنى قايتا توپلاش، چارلاش ئۆتكۈزۈش ۋە يېقىن كۈنلەردە موشۇ يەرلەرگە ئۆرگۈزۈلىدىغان چوڭ تاكتىكىلىق دېسانت ھەرىكىتىگە تەييارلىق كورۇلىۋاتقان ئوخشايدۇ. دېمەك، ئۇرۇش داۋام قىلماقتا.

### ئەسىرلەرنىڭ ھېساۋى

خەلق ئارا قىزىل كرېست كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىرى چېچەنىستاندىكى بىر-بىرىگە قارشى ئىككى تەرەپنىڭ ئەسىرلىرى ئارىسىدا بولۇپ قايتتى.

ئۇلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، «فېدېرال ئەسكەرلەرنىڭ قولىدا 287 چېچەن تۇتقۇندا بولسا، چېچەنلەر تەرەپتە 86 رۇس ئەسىردە ئولتۇرىدۇ. شۇنداقلا چېچەن ئوپپوزىتسىيەسىنىڭ 74 ۋەكىلى دۇدايېۋچىلار قولىدا، بىر دۇدايېۋچى ئوپپوزىتسىيەنىڭ قولىدا» ئوخشايدۇ.

### تۈرك ئوپېراتسىيەسى داۋام قىلماقتا

تۈركىيە ئەسكەرلىرى جەنۇبىي شەرىقتە جايلاشقان بىتلىس ئولكىسىدە ئۆرگۈزگەن ئوپېراتسىيە داۋامىدا ھوكۈمەت كۈچلىرى چەكلىگەن كۈرد ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ (كئىپ) 27 ئەسكىرىنى يوقاتتى.

ئوپېراتسىيە كئىپنىڭ ئىككى ئەسىرى ئۆلدىيلى شەھىرىدىكى پولىتسىيە ئۇچاستكىسىغا ئوق ئاتقاندىن كېيىن ئۆرگۈزۈلدى. موشۇ ھوجۇم نەتىجىسىدە ئىككى پولىتسىيە خادىمى ھالاك بولۇپ، ئىككىسى يارىلانغان ئىدى.

### سۈيقەستنىڭ سىرى ئېچىلدى

پاكىستاندا مەملىكەت باش مىنىستىرى بېنازىر بخۇتتو بىلەن ھوكۈمەتنىڭ بىر قاتار ئەزالىرىنى ئولتۈرمەك بولغان سۈيقەستنىڭ سىرى ئېچىلدى.

بۇ توغرىلىق بېنازىر بخۇتتو ئىسلامابادتا ئوتكەن ھوكۈمران پاكىستان مىللىي پارتىيەسى پارلامېنت فراكسىيەسىنىڭ مەجلىسىدە سوزلىگەن سوزىدە مەلۇم قىلدى. بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى، دېدى ئۇ، پولىتسىيە 4 تېررورچىنى قاماققا ئالدى. ئۇلاردىن گراناتامېتلار، ئاۋتوماتلار، كوپلىگەن گراناتلار تارتىۋېلىندى. بۇ قۇراللار سۈيقەستنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۆلجەللەنگەن ئىدى.

### ئىممىگراتسىيەنى چەكلىمەكچى

ئىممىگراتسىيەلىك ئىسلاھات بويىچە كومىسسىيە قوشما شتاتلاردا ئورۇنلىشىپ قېلىشقا ئىنتىلىدىغان چەت ئەللىكلەرنىڭ ئېقىنىنى قىسقارتىشنى تەكلىپ قىلدى.

بۇ كومىسسىيە ۋىبىر نەچچە يىل ئىچىدە ئىممىگرانتلار سانىنى يىلىغا 550 مىڭ ئادەمگىچە ئازايتقان دۇرۇس» دەپ ھېساپلايدۇ. ھازىر ئاقش پۇخرالىرى ئىممىگراتسىيە ھېساۋىغا ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 830 مىڭ ئادەمگە كوپەيمەكتە.

### چىڭقى چۇشتە يوقالغان ئادەملەر

ئابخاز مىلىتسىيەسى كېيىمىنى كىيگەن بىر توپ قۇراللىق ئادەم گالى ناھىيەسىنىڭ پىچورى يېزىسىغا كېلىپ، مىللىتى گرۇزىن يەرلىك تۇرغۇنلارنى يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

كەلگەنلەر 50 ئادەمنى ھايداپ ئۇلارنى ئاۋتوبۇسقا ئولتارغۇزۇپ، «قايتا تەكشۈرۈشتىن ئوتكۈزۈمىز» دېگەن باھانە بىلەن گالى شەھىرىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تەغدىرى ھازىرغىچە بەلگۈسىز.

### ياتلار ئۈچۈن لاۋازىم يوق

ئىنتېرفاكسقا جۇمھۇرىيەت مەمۇرىيىتىنىڭ بىر قاتار جاۋابكەرلىك لاۋازىمىدىكى ئادەملەر چېچەن ھوكۈمىتىنىڭ باشلىقى سالامبېك خادجىيېۋنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرى ئىكەنلىكىنى ئەستىلەش مۇمكىن بولدى.

جۈملىدىن، جۇمھۇرىيەت ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ ئورۇنباسارى مۇۋلادى خادجىيېۋ- س. خادجىيېۋنىڭ ئىككى تۇققان ئىنىسى، سودا مىنىستىرىنىڭ ئورۇنباسارى تامارا داچايېۋا-ئۇنىڭ بىر تۇققان سىڭلىسى، قۇرۇلۇش بويىچە ۋىتسې-پرېمېيرىنىڭ ئورۇنباسارى دىنى خادجىيېۋ- بىر تۇققان ئىنىسى، نازارەت-رېۋىزىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گېلانى يۈسۈپوۋ-ئىككى تۇققان سىڭلىسىنىڭ ئېرى، قۇرۇلۇش بويىچە مىنىستىرىنىڭ ئورۇنباسارى باتىربېك ئېلدارخانوۋ-س. خادجىيېۋنىڭ كۈيئوغلى، گروزنىيدىكى مەركىزىي بازارنىڭ دىرېكتورى شېپا خادجىيېۋ ھوكۈمەت باشلىقىنىڭ ئىككى تۇققان ئىنىسى، جۇمھۇرىيەتلىك «كوئوپزاگسرىيو» بازىسىنىڭ دىرېكتورى ئەھمەد خادجىيېۋمۇ س. خادجىيېۋنىڭ ئىنىلىرىدىن بىرى ئىكەن. يېڭى چېچەنىستان رەھبىرىنىڭ يەنە بىر ئىككى تۇققان ئىنىسى- خاۋام گۇرجىخانوۋ چېچەنىستان ئىستېمالچىلار كوئوپېراتسىيەسىنى ئەكسىگە كەلتۈرۈش بويىچە كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

